شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 2 - ئاي
5
چارشەنبە
维吾尔文 2月5日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65–0002/–W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24962 - سان بۈگۈن 4 بەت

# جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمىز

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، مەركەز يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ، كېيىنكى قەدەمدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

ئاپتونوم رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى سىن يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ۋەزىيەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى قايتا ئورۇنلاشتۇردى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇم ئەھۋالى يۈز بەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، دوكلات ئاڭلاپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلقنىڭ داھىيسى خەلقنى سۆيىدىغانلىقىدەك سەممىي مېھىر - مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا يۈكسەك مەسئۇل بولىدىغان مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەتئىي تەۋرەنمەي پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك. پۈتۈن ئاپتونوم رايون يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «تۆت ئاڭ»نى ھەققىي كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت قارىشىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىقى، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇشى، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىش، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)




2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېي ئۆلكىسى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ 102 ئەترەت ئەزاسى يۈك - تاقلىرىنى تەييارلاپ يولغا چىقىشقا ھازىرلاندى. شۇ كۈنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان شەھىرى، قاراماي شەھىرى، قەشقەر ۋىلايىتى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كۆپلىگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى تايانچ پەرۋىش خادىملىرىدىن تەشكىللەنگەن 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ يولغا چىقىش مۇراسىمى ئۈرۈمچى دىۋوپۇ خەلقئارا ئايروپورتىنىڭ T3 ئاۋىياتسىيە بىناسىدا ئۆتكۈزۈلدى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شىې لۇڭ فوتوسى

### 2 - تۈركۈمدىكى شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتى يولغا چىقتى

تېخىمۇ كۆپ خەۋەرلەرنى 2 - بەتتىن كۆرۈڭ

## يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنى ئەۋجىگە كۆتۈرەيلى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى قەتئىي توسۇيلى! يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى! بۇ، چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار يوق بىر مەيدان ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىدىغان بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى.

«ھەرقايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇن قاتارلىقلار جىددىي ھەرىكەتكە كېلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، كەڭ تېببىي خادىملار شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئومۇمىي جېڭى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، پۈتۈن مەملىكەتتە ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.» دېھقانلار كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ، كېيىنكى قەدەمدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشقا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى بىر نىيەتتە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇردى ۋە سەپەرۋەر قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

قاراقاش:

## ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش«مۇھىم تۇتقا»سىنى چىڭ تۇتتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «سۇرئىتىنى ئاشۇردى»

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش «مۇھىم تۇتقا»سىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ «سۇرئىتىنى ئاشۇرۇش»تا، قاراقاش ناھىيەسى دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مۇخبىر قاراقاش ناھىيەسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بۇ يەردىكى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاستە ھېس قىلدى.

### ■ كارخانىلار تۇپلىنىش كەسىپ ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش

«قاراقاش ناھىيەسىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز، ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاچقۇچى» دېدى قاراقاش ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى تاك خوۋچىك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## بۇلتۇر پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىگىلىك تىكلىگەنلەر 74 مىڭ 700 كىشىگە يەتتى

### 144 مىڭ 300 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا**، پراكتىكانت **شياۋ لياڭيۈەن**لەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2019 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇشنى ئالغا سىلجىتىش خىزمىتىگە ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيگەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىگىلىك تىكلىگەنلەر 74 مىڭ 700 كىشى بولۇپ، 144 مىڭ 300 كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولغان، 30 مىڭ كىشىنىڭ يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلىشىدىن ئىبارەت يىللىق نىشان - ۋەزىپە نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش باشقارمىسىنىڭ خىزمەتچىسى ما جيەنيۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يۆلەش سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئىگىلىك تىكلەش كەيپىياتى يارىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ھەم ياردەم ئۆسۈم سىياسىتىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلدا شەخسلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەرز پۇلى ئېلىش سوممىسىنى 100 مىڭ يۈەندىن 150 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈپ، ئەمگەك كۈچى جۇغلەشكەن كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە ياراتتى

## ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، مالىيە كاپالىتى سالمىقىنى زورايتىش؛ مۇلازىمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قىزىپ قالغان ئاغرىقلار كېسەل كۆرستىش يېشىل يولى ئېچىش؛ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە، پىدائىيلار ياشلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىش... يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، كۈچلۈك بىر نىيەتتە ئۇيۇلۇپ، بىر مەقسەتتە كۈچ چىقىرىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ پولات ئىستىھكامىنى بەرپا قىلدى.

### ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى: 1 مىليارد 122 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئىشلەتتى

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش مەبلىغىدىن جەمئىي 1 مىليارد 122 مىليون يۈەن ئاجراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون مالىيەسىدىن مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك مەبلىغى بولۇپ جەمئىي 374 مىليون يۈەن ئاجرىتىلىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر مالىيەسىدىن 748 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىلىپ، داۋالاش - قۇتقۇزۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە لازىملىق ئۈسكۈنىلەر ۋە ماددىي ئەشيا قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا مەخسۇس ئىشلىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەبلەغ كاپالىتى جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھەسىنى ۋاقتىدا تۈزۈپ، مەبلەغ غەملەش سالمىقىنى زورايتتى. جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش مەبلىغىنىڭ ۋاقتىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بۇ نازارەت يوچۇقسىز ئۇدۇللاشتۇرۇش جىددىي ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇش خىزمەت مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، بىر خىزمەت كۈنىدە «ھۆججەت تەييارلاپ تەستىقلاشقا يوللاش، كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈش، مەبلەغ ئاجرىتىش، ھۆججەت چۈشۈرۈش، ناھىيە، شەھەرلەرگە ئۇقتۇرۇش قىلىش» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بېجىرىپ ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىغا پائال ماسلىشىپ، ئالاھىدە مەزگىلدە مەبلەغنىڭ بىرىنچى ۋاقىتتا ھەرقايسى جايلارغا ئاجرىتىپ بېرىلىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى؛

(ئاخىرى 4 - بەتتە)